## جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى

# «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ يېزا خىزمىتى نىزامى»نى بېسىپ تارقاتتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشنى باش تۇتقا قىلىپ، پارتىيەنىڭ يېزا خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش تەشكىلىي سىستېمىسى، تۈزۈم سىستېمىسى ۋە خىزمەت مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، يېزا ـ كەنتلەرنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، كەڭ دېھقانلارنى تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

ئۇقتۇرۇشتا پارتىيەنىڭ يېزا خىزمىتىدە جەزمەن تۆۋەندىكى پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىش تەلەپ قىلىندى:

(1) پارتىيەنىڭ يېزا خىزمىتىگە بولغان ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ يېزا خىزمىتىدە پۈتۈن ۋەزىيەتنى ئىگىلىشى، ھەرقايسى تەرەپلەرنى ماسلاشتۇرۇشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىپ، يېزا ئىسلاھاتى ـ تەرەققىياتىنىڭ توغرا يۆنىلىشكە قاراپ ئىلگىرىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛

(2) خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ سۇبيېكتلىق ئورنى ۋە ئىجادكارلىق روھىغا ھۆرمەت قىلىپ، دېھقانلارنىڭ ماددىي مەنپەئىتى ۋە دېموكراتىك ھوقۇقىنى ھەققىي كاپالەتلەندۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ ھىمايە قىلىش ـ قىلماسلىقى، قوللاش ـ قوللىماسلىقىنى پارتىيەنىڭ يېزا سىياسىتىنى تۈزۈشتىكى ئاساس قىلىش كېرەك؛

(3) يېزا ئاساسىي ئىگىلىك تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ يېزا سىياسىتىنىڭ ئۇل تېشىنى پۇختىلاش كېرەك؛

(4) جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش يولىدا مېڭىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېزا ـ كەنتلەرنىڭ كەسپلەرنى گۈللەندۈرۈش، ئىختىساسلىقلارنى گۈللەندۈرۈش، مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش، ئېكولوگىيەنى گۈللەندۈرۈش، تەشكىلاتنى گۈللەندۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك؛

(5) دېھقانلارنى پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاش، پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىشقا تەربىيەلەش، يېتەكلەشتە چىڭ تۇرۇپ، دېھقانلار ئاممىسىنى پارتىيەنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ يېزىلاردىكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئاساسىنى مۇستەھكەملەش كېرەك؛

(6) ھەممىدە ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىپ، تەدرىجىي ئىلگىرىلەپ، مەجبۇرىي بۇيرۇق قىلماسلىق، بىر مەزگىللىكلا ھەرىكەت ئېلىپ بارماسلىق، بىر تاياقتا ھەيدىمەسلىك كېرەك.

ئۇقتۇرۇشتا يەنە تەشكىلىي رەھبەرلىك، ئاساسىي ۋەزىپە، قوشۇن قۇرۇلۇشى، كاپالەت تەدبىرى، باھالاپ تەكشۈرۈش ـ نازارەت قىلىش قاتارلىقلار توغرىسىدا كونكرېت ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەز مالىيە ـ ئىقتىساد كومىتېتى 5 ـ قېتىملىق يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، «1 + 3 + 3 + ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش» خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ ئەلا نەتىجىلىرى بىلەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك. ئورۇننى توغرا ئىگىلەپ، شىنجاڭنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتى پۈتۈن ۋەزىيىتىدىكى ئالاھىدە مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ئورنىنى چوڭقۇر تونۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، بىرىكمە مۇشتنى ياخشى ئېتىپ، ھادىسىدىنمۇ، ماھىيىتىنمۇ تۈزەپ، ئۇنىۋېرسال تەدبىر قوللىنىپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل ئىناقلىقى ۋە مۇقىملىقىنى ساقلاش كېرەك. يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، «مۇستەھكەملەش، كۈچەيتىش، ئۆستۈرۈش، راۋانلاشتۇرۇش» سەككىز خەتلىك فاڭجېننى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشى، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش، ساياھەتچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنى كۈچەپ ياخشى تۇتۇپ، سېلىنما، ئىستېمال، ئېكسپورتنىڭ تۈرتكىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىچكى ئېھتىياجنى پائال كېڭەيتىپ، باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، رايونلارنىڭ ماس تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ سىجىل، تەكشى، مۇقىم، ساغلام تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئىسلاھات، يېڭىلىق يارىتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، نۇقتىلىق ساھەلەرنىڭ ئىسلاھاتىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، بازارنىڭ بايلىق تەقسىملەشتىكى ھەل قىلغۇچ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، كەسىپ ئاساسىنى قايتا يارىتىش قۇرۇلۇشىنى ياخشى پىلانلاپ يولغا قويۇپ، تۈرلۈك مۇھىم ئامىللارنىڭ مۇۋاپىق يۆتكىلىشى ۋە يۇقىرى ئۈنۈملۈك توپلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئاشۇرۇپ، تېخىمۇ كۈچلۈك يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىغا، تېخىمۇ يۇقىرى قوشۇلما قىممەتكە ئىگە كەسىپ زەنجىرىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مەركەزنىڭ «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى بېسىپ تارقاتقان «1 ـ تۈركۈمدىكى ‹ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش› باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما ـ تەلىپىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، 1 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، چوڭقۇرلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ھەققىي ياخشى تۇتۇش كېرەك. نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى سىجىل يەنىمۇ كۈچەيتىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى داۋاملىق چوڭقۇر ئۆگىنىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئەڭ يېڭى مۇھىم سۆزىنى ئەگىشىپ ئۆگىنىپ، ئەسلى تېكىستنى ئۆگىنىپ، ئەسلى ئەسەرنى ئوقۇپ، قانۇنىيىتىنى چۈشىنىپ، يادرولۇق مۇھىم مەزمۇنى، روھىي ماھىيىتى، مول ماھىيەتلىك مەزمۇنى ۋە ئەمەلىيەت تەلىپىنى ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق ئىگىلەش كېرەك. تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى سىجىل ياخشى تۇتۇپ، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، مەخسۇس تۈزەشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ، تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەسىلىنى ھەل قىلىپ، تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىغا «قايتا قاراپ چىقىش»نى ھەققىي ياخشى قانات يايدۇرۇپ، تۈزىتىش تەدبىرلىرىنىڭ كەم ـ كوتىسىز، جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىپ، تۈزىتىش ۋەدىلىرىنى بىرمۇبىر نەقلەشتۈرۈش كېرەك. سىجىل، چوڭقۇر، پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، «ئەسلى مەقسەتنى ساقلاش، بۇرچنى زىممىگە ئېلىش، پەرقلەرنى تېپىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش» ئومۇمىي تەلىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، 1 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسى نەتىجىلىرىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، 2 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا، ياخشى قانات يايدۇرۇپ، پۈتكۈل باش تېما تەربىيەسىدە ھەقىقىي نەتىجە ـ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى» قاراپ چىقىلدى. يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ھەققىي كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، تىرىشىپ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنى خاتىرجەم قىلىدىغان، خەلق ئاممىسىنى رازى قىلىدىغان نەمۇنىلىك ئورگان قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن، لىۇ ۋەنلۇڭ، لى ۋېي، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، ۋاڭ جۈنجېڭ، تيەن ۋېن، جى جېڭ، سارقىت ئاقان يىغىنغا قاتناشتى.

---

# 10 ـ نۆۋەتلىك پەن ـ تېخنىكا ھەمكارلىقى يەرمەنكىسىنىڭ نەتىجىسى مول بولدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

زامانىۋى يېزا ئىگىلىكى، بىيوتېخنىكا، تېببىي دورا ـ سەھىيە قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، 100 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان پەن ـ تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرىدىن 24ى بار، 64 تۈر يەرمەنكە ئاياغلاشقان كۈنى ئىمزالاندى.

ئىمزالانغان تۈرلەر ئىچىدە، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى 20 تۈرلۈك ھەمكارلىق كېلىشىمى ھاسىل قىلدى، كېلىشىم سوممىسى 8 مىليارد 380 مىليون يۈەن بولدى؛ ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق ئورۇنلار ۋە ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر (سانجى ئوبلاستىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) 88 تۈرلۈك ھەمكارلىق كېلىشىمى ھاسىل قىلغان بولۇپ، كېلىشىم سوممىسى 2 مىليارد 501 مىليون يۈەن بولدى؛ بىڭتۇەن تۇنجى قېتىم يەرمەنكىنى كۆرگەزمىدىن شى، شەھەر ئاساسىي قاتلاملىرىغا يۈزلەندۈردى، ھەرقايسى ئورۇنلار 82 تۈرلۈك ھەمكارلىق كېلىشىمى ھاسىل قىلغان بولۇپ، كېلىشىم سوممىسى 1 مىليارد 920 مىليون يۈەن بولدى؛ سانجى ئوبلاستى 186 تۈرلۈك ھەمكارلىق كېلىشىمى ھاسىل قىلغان بولۇپ، كېلىشىم سوممىسى 14 مىليارد 775 مىليون يۈەن بولدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى لىۇ جىمىن مۇنداق بىلدۈردى: بۇنىڭدىن كېيىن، پەن ـ تېخنىكا نازارىتى شىنجاڭدىكى پەن تەتقىقات يۇرتى، ئورۇنلىرى، ئالىي مەكتەپلەر، كارخانىلار ئارىسىدىكى ۋە رايون سىرتىدىكى پەن تەتقىقات يۇرتى، ئورۇنلىرى، ئالىي مەكتەپلەر، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەر ئارىسىدىكى پەن ـ تېخنىكا ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنى شىنجاڭنىڭ ئىچى ـ سىرتىدا ئوڭۇشلۇق يۆتكەش، ئايلاندۇرۇشنى تېزلىتىپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، ئورتاق پايدا ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

---

# «19 ـ قۇرۇلتايدىن بۇيانقى مۇھىم ھۆججەتلەردىن تاللانمىلار»نىڭ 1 ـ قىسمى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تەخمىنەن 660 مىڭ خەتلىك مۇھىم ھۆججەت كىرگۈزۈلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ماقالىسىدىن 26 پارچە، مەركەزدىكى باشقا رەھبىرىي يولداشلارنىڭ ماقالىسىدىن 17 پارچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى، گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ ئالاقىدار ھۆججەتلىرىدىن 22 پارچىسى بار. 14 پارچە مۇھىم ھۆججەت تۇنجى قېتىم ئاشكارا ئېلان قىلىندى.

بۇ مۇھىم ھۆججەتلەردىن تاللانمىدا يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بۇ بىر مەزگىلدىكى مۇرەككەپ، كەسكىن خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە مۈشكۈل، ئېغىر ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ۋەزىپىسى ئالدىدا، دۆلىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ يېڭى تارىخىي ئورنىغا ماسلىشىپ، دۆلىتىمىز جەمئىيىتىدىكى ئاساسلىق زىددىيەت ئۆزگىرىشىنى چىڭ كۆزلەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك 2 ـ، 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيەسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيەسى، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۇلۇغ كۈرەش، ئۇلۇغ قۇرۇلۇش، ئۇلۇغ ئىش، ئۇلۇغ ئارزۇنى بىرتۇتاش ئىگىلەپ، «بەشنى بىر گەۋدە قىلىش» ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، «تۆت ئومۇميۈزلۈك» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ماس ئالغا سىلجىتىپ، تىرىشىپ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى ئېچىشتىكى ئۇلۇغ تارىخىي مۇساپە ھەققىي خاتىرىلەندى؛ يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ يېڭى دەۋرگە كىرگەندىكى يېڭى تەلەپنى ئومۇميۈزلۈك ئىگىلەپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، زامانىۋىلاشقان ئىقتىساد سىستېمىسى ئورنىتىش، خەلق ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش تۈزۈم سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىپ روناق تېپىشىغا تۈرتكە بولۇش، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش، جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتىش ۋە ئۇنىڭدا يېڭىلىق يارىتىش، گۈزەل جۇڭگو قۇرۇش، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيەنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش، «بىر دۆلەتتە ئىككى تۈزۈم بولۇش»تا چىڭ تۇرۇش ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىككە كېلىشىنى ئالغا سىلجىتىش، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش، قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئوتتۇرىغا قويغان مۇھىم ئىدىيەلىرى، چىقارغان مۇھىم، زور تەدبىرلىرى، قولغا كەلتۈرگەن مۇھىم، زور مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە ياراتقان يېڭى تەجرىبىلىرى مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرۈلدى.

«19 ـ قۇرۇلتايدىن بۇيانقى مۇھىم ھۆججەتلەردىن تاللانمىلار»نىڭ 1 ـ قىسمىنىڭ نەشر قىلىنىشى پۈتۈن پارتىيەنىڭ شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ زور سىياسەت، فاڭجېنلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشىنى مۇھىم ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەن بولۇپ، پۈتۈن پارتىيەنىڭ ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاڭلىق ھالدا ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىشىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جېڭ جيەنباڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ساغلاملىق ـ كۆتۈنۈش كەسپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش ساغلام جۇڭگو ئىستراتېگىيەسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنىڭ مۇھىم تەدبىرى. ساغلاملىق ـ كۆتۈنۈش كەسپى ساغلام جۇڭگو ئىستراتېگىيەسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن، بىر بېشى خەلق تۇرمۇشى ساغلاملىق بەخت ـ سائادىتىگە تۇتىشىدىغان، بىر بېشى ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا تۇتىشىدىغان بولۇپ، قاپلىنىش دائىرىسى كەڭ، كەسىپ زەنجىرى ئۇزۇن، ئىقتىسادنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشتەك غايەت زور يوشۇرۇن كۈچنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. شىنجاڭدا مول تەبىئىي بايلىق ۋە ساياھەت بايلىقى بار بولۇپ، ساغلاملىق ـ كۆتۈنۈش كەسپىنىڭ تەرەققىياتى ئىنتايىن كەڭ ئىستىقبالغا ئىگە. سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى ساغلاملىق ۋە كۆتۈنۈشنى خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتىكى مۇھىم تۇتقا قىلىپ، ساغلاملىق ـ كۆتۈنۈش كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى يولغا قويۇش پىكرى قاتارلىق يۈرۈشلۈك سىياسەتلەرنى چىقىرىپ، قۇياش نۇرى ساغلاملىق ـ كۆتۈنۈشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، داۋالىنىش بىلەن كۆتۈنۈشنى بىرلەشتۈرۈشنى پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، داۋالىنىشتا كۆتۈنۈش بولىدىغان، كۆتۈنۈشتە داۋالىنىش بولىدىغان، داۋالىنىش بىلەن كۆتۈنۈش ھەمكارلاشقان، جەمئىيەت قاتناشقان يېڭى ئەندىزە بەرپا قىلىپ، ساغلاملىق ـ كۆتۈنۈش كەسپىنىڭ تەرەققىيات ئەندىزىسىنى كۈنسېرى مۇكەممەللەشتۈردى. ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆزلۈكسىز يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، بۇ قېتىمقى يىغىننى پۇرسەت بىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 19 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك توغرا ئىزچىللاشتۇرۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ساغلاملىق ـ كۆتۈنۈش زامانىۋى مۇلازىمەت كەسپىنى تېزدىن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، زور كۈچ بىلەن ئىقتىسادنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىلىرىنى يېتىلدۈرۈپ، يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى شەكىللەندۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنى تېخىمۇ كۆپ ئېرىشىش تۇيغۇسىغا ئىگە قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

نۇرلان ئەبىلمەجىن مۇنداق كۆرسەتتى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ چوڭ ۋەزىيىتى ئىناق، مۇقىم بولۇش، مۇقىملىق ئېلىپ كەلگەن پايدا سىجىل قويۇپ بېرىلىشتەك پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، جۇڭگو ساغلاملىق ـ كۆتۈنۈش كەسپى تەرەققىياتى يىغىنىدىن ئىبارەت بۇ مۇھىم سۇپىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە ساغلاملىق ـ كۆتۈنۈش ساياھەت بايلىقى ئەۋزەللىكىنى چوڭقۇر قېزىپ، «شىنجاڭ ياخشى جاي» دېگەن گۈزەل ئىسىم كارتىسىنى ياڭرىتىپ، گۈزەل شىنجاڭنى ساغلاملىق، كۆتۈنۈش، داۋالىنىش، ساياھەت، ئىستىراھەت، كەسىپ بىر گەۋدە قىلىنغان ساغلاملىق ـ كۆتۈنۈش مەنزىرىلىك جاي قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قوشۇمچە باش كاتىپ لى خۇيدۇڭ سانجى ئوبلاستىغا «جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى مەركىزىي كومىتېتى ساغلاملىق ـ كۆتۈنۈش كەسپى بويىچە ئەمەلىيەتنى ئۆتكۈزۈش بازىسى» دېگەن لەۋھە تاختىسى بەردى.

15 ساغلاملىق ـ كۆتۈنۈش كەسپى تۈرى يىغىندا مەركەزلىك ئىمزالاندى، مەبلەغ سوممىسى 12 مىليارد 292 مىليون يۈەن بولدى.

ئېچىلىش مۇراسىمىدىن كېيىن مەخسۇس تېمىلىق دوكلات يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن مۇدىرى ۋاڭ جيەنجۈن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى يۈ رۇڭ قاتارلىق ئالتەيلەن ۋە يىغىنغا قاتناشقان ئەزىز مېھمانلار ئايرىم ـ ئايرىم سۆز قىلدى ۋە نۇتۇق سۆزلىدى.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن مەڭلىك سېيىت، ئىلھام سابىر ئالاقىدار پائالىيەتلەرگە قاتناشتى.

شۇ كۈنى، ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تارماقلار، سانجى ئوبلاستى ھەم قىسمەن ناھىيە ـ شەھەرلەر يەنە ساغلاملىق ـ كۆتۈنۈش تۈرلىرىنى تونۇشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى.